شى جىنپىڭ «نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ۋە سىياسىي پارتىيەنىڭ مەسئۇلىيىتى» خەلقئارا نەزەرىيە مۇھاكىمە يىغىنىغا تەبرىك خېتى ئەۋەتتى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ھازىر، ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقىدا، يەر شارىدىكى نامراتلار سانىنى ئازايتىش ئىشلىرىدا زور ئىلگىرىلەش قولغا كەلتۈرۈلدى، لېكىن دۇچ كېلىۋاتقان قىيىنچىلىق ۋە خىرىسلار يەنىلا ناھايىتى كەسكىن بولۇپ، ھەرقايسى دۆلەت سىياسىي پارتىيەلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ ئورتاق تونۇشىنى مۇجەسسەملەپ، قول تۇتۇشۇپ ھەمكارلىشىپ، كۆپ تەرەپچىللىكتە چىڭ تۇرۇپ، تىنچلىق، مۇقىملىقنى قوغداپ، يەر شارىدىكى نامراتلار سانىنى ئازايتىش مۇساپىسىگە تۈرتكە بولۇشنى تېزلىتىشكە جىددىي ئېھتىياجلىق. يىغىنغا قاتناشقان ئەزىز مېھمانلارنىڭ تەجرىبە ئالماشتۇرۇش، قانۇنىيەتنى يەكۈنلەش ئارقىلىق، يەر شارىدىكى نامراتلار سانىنى ئازايتىش ئىشلىرىنى ئالغا سىلجىتىش ئۈستىدە ئورتاق كېڭىشىپ، نامراتلىق ئۈستىدىن غەلىبە قىلىش ئىشەنچىنى ئاشۇرۇپ، «بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ 2030 ـ يىل ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىيات قارالمىسى»دىكى نىشانلارنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئەقىل ـ پاراسەت ۋە كۈچ قوشۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

«نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ۋە سىياسىي پارتىيەنىڭ مەسئۇلىيىتى» خەلقئارا نەزەرىيە مۇھاكىمە يىغىنىنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى تاشقى ئالاقە بۆلۈمى بىلەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى فۇجيەن ئۆلكىلىك كومىتېتى بىرلىشىپ ئۆتكۈزگەن. لائوس خەلق ئىنقىلابىي پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى بۇنياڭ، نامبىيە خەلق تەشكىلاتى پارتىيەسىنىڭ رەئىسى، زۇڭتۇڭ گېينگوب، زىمبابۋې ئافرىقا مىللىي ئىتتىپاقى ـ ۋەتەنپەرۋەرلىك سېپىنىڭ رەئىسى قوشۇمچە 1 ـ شۇجىسى، زۇڭتۇڭ مىنانگاگۋا، ئوتتۇرا ئافرىقا جۇمھۇرىيىتى بىر نىيەتتە ئىتتىپاقلىشىش ھەرىكىتىنىڭ قۇرغۇچىسى، زۇڭتۇڭ تۇئۇئادېرا، مالاۋى كونگرېسلار پارتىيەسىنىڭ رەئىسى، زۇڭتۇڭ چاكۋېرا، ئارگېنتىنا زۇڭتۇڭى فېرنەندىس، سۇرىنام تەرەققىيات ـ ئىسلاھات پارتىيەسىنىڭ رەئىسى، زۇڭتۇڭ سانتوكى قاتارلىقلار يازما ياكى سىن شەكلى ئارقىلىق تەبرىكلەپ، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە جۇڭگونىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا قولغا كەلتۈرگەن تارىخىي خاراكتېرلىك مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە يۈكسەك باھا بەردى، بىردەك: ھەرقايسى دۆلەت سىياسىي پارتىيەلىرى سىياسىي يېتەكچىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ ئورتاق تونۇشىنى مۇجەسسەملەپ، خەلقئارا نامراتلار سانىنى ئازايتىش ھەمكارلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈشى كېرەك، دەپ قارىدى. 100 نەچچە دۆلەتتىن كەلگەن تەخمىنەن 400 نەپەر سىياسىي پارتىيە ۋەكىلى ۋە جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ئەلچىلەر، خەلقئارا ئاپپاراتلارنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ۋەكىللىرى، تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەر تاراتقۇلىرىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ۋەكىللىرى، ئاقىللار ئامبىرىدىكى ئالىملار قاتارلىقلار تور ياكى تور سىرتىدا يىغىنغا قاتناشتى.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، شىنجاڭ خىزمىتى باش نىشانىنى زىچ چۆرىدەپ بارلىق خىزمەتلەرنى قانات يايدۇردى. مۇقىملىقنى قوغداشنى ھەممىنى بېسىپ چۈشىدىغان سىياسىي ۋەزىپە، تەيشەن تېغىدىنمۇ ئېغىر سىياسىي مەسئۇلىيەت قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، شىنجاڭنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش، ھادىسىدىنمۇ، ماھىيەتتىنمۇ تۈزەش، ئۇنىۋېرسال تەدبىر يۈرگۈزۈشتە چىڭ تۇرۇپ، جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ سىجىل مۇقىملىقىغا ھەققىي كاپالەتلىك قىلدى. پۈتۈن ئاپتونوم رايوندا ئۈدا ئۈچ يىل ئون ئاي زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلوسى يۈز بەرمىدى، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ بىخەتەرلىك تۇيغۇسى كۆرۈنەرلىك كۈچەيدى. ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، باش نىشان شىنجاڭ خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىدىغان بايراق ۋە يۆنىلىش، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى تامامەن توغرا، جەزمەن قىلچە تەۋرەنمەي ئۇزاققىچە چىڭ تۇرۇش كېرەك.

بۈگۈنكى شىنجاڭدا جەمئىيەت مۇقىم، خەلق خاتىرجەم ياشاۋاتىدۇ، خۇشال ـ خۇرام ئىشلەۋاتىدۇ. لېكىن تىنچلىقتا خەۋپ ـ خەتەرنى ئۇنتۇماسلىقىمىز، قانچىكى مۇشۇنداق ۋاقىتتا، بىز شۇنچە يۈكسەك ھوشيارلىقنى ساقلاپ، شىنجاڭ خىزمىتى باش نىشانىنى مەھكەم ئىگىلەپ، تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، مۇقىملىقنى قوغداشتىكى بىرىنچى مۇشتنى ياخشى ئېتىپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق نەتىجىلىرىنى يەنىمۇ مۇستەھكەملىشىمىز كېرەك.

باش نىشانىنى مەھكەم ئىگىلەشتە تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، مۇقىملىقنى قوغداشنى قانۇنچىللاشتۇرۇش، دائىملاشتۇرۇشنى پۇختا ئالغا سىلجىتىش كېرەك. شىنجاڭنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش باش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ تۈپ كاپالىتى، دۆلەتنى ئومۇميۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنىڭ مۇھىم ئىپادىسى. بىز سوتسىيالىستىك قانۇنچىللىق بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، قانۇنچىللىق روھىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، دۆلەتنى ئومۇميۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش تەلىپىنى شىنجاڭ خىزمىتىنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدە ئەمەلىيلەشتۈرۈشىمىز كېرەك. قانۇنچىللىق تەپەككۇرى ۋە قانۇنچىللىق ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ خەۋپ ـ خەتەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش، جىنايەتكە زەربە بېرىش، مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىش، زىددىيەتلەرنى ھەل قىلىشقا ماھىر بولۇشىمىز كېرەك؛ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، مۇقىملىقنى قوغداش سىياسەت، تەدبىرلىرى ۋە شەكىل ـ ئۇسۇللىرىنى يەنىمۇ ئەلالاشتۇرۇپ، دەل جايىدا بولۇش جەھەتتە كۈچ سەرپ قىلىشقا كۆچەپ، تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، مۇقىملىقنى قوغداشنى دائىملاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشىمىز كېرەك.

باش نىشانىنى مەھكەم ئىگىلەشتە قاتتىق زەربە بېرىش يۇقىرى بېسىم ھالىتىنى ساقلاشتا تەۋرەنمەسلىك كېرەك. قاتتىق زەربە بېرىش كۈرىشى شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقنى قوغداش، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ جانجان مەنپەئىتىنى قوغداشنىڭ ئېھتىياجى. بىز قانۇن بويىچە قاتتىق زەربە بېرىش فاڭجېنىدا تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇپ، قاتتىق زەربە بېرىش كۈرىشىنىڭ ئۇزاق ئۈنۈملۈك مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، زوراۋانلىق، تېررورلۇق تەھدىتىنى بىخ ھالىتىدە، يۈز بەرمىگەن باسقۇچتا قەتئىي توسۇپ، تەستە قولغا كەلگەن مۇقىملىق ۋەزىيىتىنىڭ يامانلىشىپ كېتىشىگە قەتئىي يول قويماسلىقىمىز كېرەك.

باش نىشانىنى مەھكەم ئىگىلەشتە ئامما خىزمىتىنى چوڭقۇر، ئىنچىكە، ياخشى ئىشلەش كېرەك. ئامما خىزمىتىنى پۇختا، ياخشى ئىشلىگەندىلا، ئاندىن باش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا پۇختا ئاساس سالغىلى بولىدۇ. بىز بىر قولدا زوراۋان ـ تېررورچىلارغا قانۇن بويىچە زەربە بېرىشنى تۇتۇش، بىر قولدا ئەڭ زور دەرىجىدە كىشىلەرنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، قەلبلەرنى مۇجەسسەملەشنى تۇتۇشتا چىڭ تۇرۇپ، تۈرلۈك خەلققە نەپ يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشلىرىنى ھەققىي ياخشى ئىشلەپ، ھەر مىللەت ئاممىغا پارتىيەنىڭ غەمخورلۇقى ۋە ۋەتەن چوڭ ئائىلىسىنىڭ ئىللىقلىقىنى ھەققىي ھېس قىلدۇرۇشىمىز كېرەك. جەمئىيەت ئىدارە قىلىشنى ئامما خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈپ، پارتىيە كومىتېتى رەھبەرلىك قىلىدىغان، ھۆكۈمەت مەسئۇل بولىدىغان، جەمئىيەت ماسلىشىدىغان، ئامما قاتنىشىدىغان، قانۇنچىللىق كاپالەتلىك قىلىدىغان جەمئىيەت ئىدارە قىلىش تۈزۈلمىسىنى ئومۇميۈزلۈك شەكىللەندۈرۈپ، ئورتاق قۇرىدىغان، ئورتاق ئىدارە قىلىدىغان، ئورتاق بەھرىلىنىدىغان جەمئىيەت ئىدارە قىلىش ئەندىزىسىنى بەرپا قىلىپ، باش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىشىمىز كېرەك.

ئىتتىپاق ـ ئىناق، ئاۋات ـ باي، مەدەنىي بولغان، تەرەققىي قىلغان، خاتىرجەم ياشايدىغان، خۇشال ـ خۇرام ئىشلەيدىغان، ئېكولوگىيەسى ياخشى بولغان يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىش 25 مىليون تىياڭشان ئوغۇل ـ قىزلىرىنىڭ تۈپ مەنپەئىتى، شۇنداقلا 1 مىليارد 400 مىليون جۇڭخۇا ئوغۇل ـ قىزلىرىنىڭ ئورتاق ئارزۇسى. بىز يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىگە بولغان تونۇشىمىزنى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، شىنجاڭ خىزمىتى باش نىشانىنى مەھكەم ئىگىلىسەكلا، ئاندىن شىنجاڭنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش، شىنجاڭنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ مۇقىم قىلىش، شىنجاڭنى مەدەنىيەت ئارقىلىق ئوزۇقلاندۇرۇش، خەلقنى بېيىتىپ شىنجاڭنى روناق تاپقۇزۇش، شىنجاڭنى ئۇزاققىچە گۈللەندۈرۈشنىڭ يېتەكچىلىك ھوقۇقى ۋە تەشەببۇسكارلىق ھوقۇقىنى ئىگىلىيەلەيمىز، ئاندىن ۋەتىنىمىزنىڭ شىنجاڭنى تېخىمۇ گۈزەل قىلىپ قۇرۇپ چىقالايمىز.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

شۆھرەت زاكىر سۆھبەت يىغىنىدا مۇنداق دېدى: شاڭخەي شەھەرلىك پارتىيە كومىتېتى ۋە شەھەرلىك ھۆكۈمەت يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، شىنجاڭغا ياردەم بېرىش خىزمىتىنى باشتىن ـ ئاخىر مۇھىم ئورۇنغا قويۇپ، چىن مېھىر ـ مۇھەببەت بىلەن ياردەم بەردى، خىزمەت تەپەككۇرى ئېنىق، سىياسەت، تەدبىرلىرى ئەمەلىي، ئالغا سىلجىتىش سالمىقى زور، شىنجاڭغا ياردەم بېرىش ئۈنۈمى ياخشى بولۇپ، شىنجاڭنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىش، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكنى ئىشقا ئاشۇرۇشىغا مۇھىم تۆھپە قوشتى. شىنجاڭ شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرنى تولۇق، دەل جايىدا ئىزچىللاشتۇرۇپ، شىنجاڭ خىزمىتى باش نىشانىنى مەھكەم ئىگىلەپ، شاڭخەي شەھىرىنىڭ ئىلغار تەجرىبىلىرىنى ئۆگىنىپ، ئۆرنەك قىلىپ، سۇبيېكتلىق رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئەمەلىي ھەمكارلىققا تۈرتكە بولۇپ، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتىنىڭ ئەمەلىي ئۈنۈمىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى خىزمىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىپ، ھەققىي تۈردە يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ سەممىي غەمخورلۇقىنى، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىشتىكى ئالاھىدە ئەۋزەللىكنى شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكىنى ئالغا سىلجىتىشنىڭ كونكرېت ئەمەلىيىتىگە ئايلاندۇرۇپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىشتىكى نىشان ـ ۋەزىپىلەرنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ھەققىي كاپالەتلىك قىلىدۇ.

گۇڭ جېڭ سۆھبەت يىغىنىدا مۇنداق دېدى: يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقىدا، شىنجاڭدا ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى ۋە خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاشتا مىسلىسىز مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلتۈرۈلدى، ئاممىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسى ئۈزلۈكسىز كۈچەيدى. 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى غەلىبىلىك ئېچىلدى، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزى ھازىر ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىلدىكى شىنجاڭ خىزمىتى ۋە شىنجاڭغا ياردەم بېرىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنى تۈپ مىزان بىلەن تەمىنلىدى. بىز يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، شىنجاڭ خىزمىتى باش نىشانىنى مەھكەم ئىگىلەپ، شەھەرلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىشتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى پۈتۈن كۈچىمىز بىلەن ياخشى ئىشلەيمىز. دىققەتنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەشكە مەركەزلەشتۈرۈپ، ياردەم بېرىش ـ يۆلەشنىڭ ئۇنىۋېرسال ئۈنۈمىنى ئۆستۈرىمىز. دىققەتنى خەلقنى بېيىتىپ شىنجاڭنى روناق تاپقۇزۇشقا مەركەزلەشتۈرۈپ، ياردەمگە ئېرىشىۋاتقان رايونلارنىڭ ئىچكى تەرەققىيات ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى ۋە تەرەققىيات ھاياتىي كۈچىنى ئاشۇرىمىز. دىققەتنى خەلق تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش، ياخشىلاشقا مەركەزلەشتۈرۈپ، پۇقرالارنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسىنى يەنىمۇ كۈچەيتىمىز. دىققەتنى شىنجاڭنى ئىتتىپاقلىشىپ مۇقىم قىلىشقا مەركەزلەشتۈرۈپ، كەڭ ئالاقىلىشىش، ئومۇميۈزلۈك ئالماشتۇرۇش، چوڭقۇر يۇغۇرۇلۇشنى ئىلگىرى سۈرىمىز. كەلگۈسىگە يۈزلىنىپ، بىرلىكتە ئىككى جاينىڭ ھەمكارلىقىدا يېڭى ۋەزىيەت يارىتىمىز. شاڭخەيدىن كېلىپ شىنجاڭغا ياردەم بېرىۋاتقان كادىرلارنىڭ مۇھىم تاپشۇرۇقنى يەردە قويماي، بۇرچىنى ئادا قىلىپ، يېڭى نەتىجىلەرنى يارىتىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

شىنجاڭدىكى مەزگىلدە، شاڭخەي شەھىرىنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت ۋەكىللىرى ئۆمىكى قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ قەشقەر شەھىرى، يەكەن ناھىيەسى، پوسكام ناھىيەسى، قاغىلىق ناھىيەسى قاتارلىق جايلىرىغا بېرىپ، كارخانا، دوختۇرخانا، مەكتەپ، يېزا ـ كەنتلەرگە چوڭقۇر چۆكۈپ، شىنجاڭغا ياردەم بېرىش تۈرلىرىنىڭ ئىلگىرىلەش ئەھۋالىنى نەق مەيداندا تەكشۈردى، ئاساسىي قاتلامدىكى ئاز سانلىق مىللەت ئاممىنى زىيارەت قىلدى، شىنجاڭغا ياردەم بېرىۋاتقان كادىرلار، ئىختىساسلىقلارنى يوقلىدى، ئۇلاردىن ھال سورىدى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئەركىن تۇنىياز، شاڭخەي شەھىرىنىڭ مۇئاۋىن شەھەر باشلىقى پېڭ چېنلېي يۇقىرىقى پائالىيەتلەرگە قاتناشتى.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

شى جىنپىڭ بىلەن سال مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: 20 يىلدىن بۇيان، جۇڭگو ـ ئافرىقا ئىككى تەرەپنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقىدا، جۇڭگو ـ ئافرىقا ھەمكارلىق مۇنبىرى جۇڭگو ـ ئافرىقىنىڭ كوللېكتىپ سۆزلىشىشنى قانات يايدۇرۇشتىكى مۇھىم، جانلىق سۇپا ۋە ئەمەلىي ھەمكارلىقنىڭ ئۈنۈملۈك مېخانىزمىغا ئايلاندى، شۇنداقلا جەنۇب ـ جەنۇب ھەمكارلىقىنىڭ بىر مۇھىم بايرىقى بولۇپ قالدى. جۇڭگو ـ ئافرىقا ئىككى تەرەپ باشتىن ـ ئاخىر خەلقنى مەركەز قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، يۇقىرى سۈپەتلىك جۇڭگو ـ ئافرىقا ئومۇميۈزلۈك ئىستراتېگىيەلىك ھەمكارلىق ھەمراھلىق مۇناسىۋىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا كۈچ چىقاردى، مۇنبەر ھەمكارلىق نەتىجىلىرى جۇڭگو ـ ئافرىقا خەلقلىرىگە نەپ يەتكۈزدى. 2018 ـ يىللىق مۇنبەر بېيجىڭ باشلىقلار يىغىنى غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىپ، جۇڭگو ـ ئافرىقا ئىككى تەرەپ تېخىمۇ زىچ بولغان جۇڭگو ـ ئافرىقا تەقدىر ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىشنى بىردەك قارار قىلىپ، جۇڭگو ـ ئافرىقا مۇناسىۋىتىنىڭ كەلگۈسى تەرەققىياتىغا ئېنىق يۆنىلىش كۆرسىتىپ بەردى.

شى جىنپىڭ بىلەن سال مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى ئىنسانلار دۇچ كەلگەن كەسكىن خىرىس بولۇپ، دۇنيا ئىقتىسادىغا غايەت زور زەربە ئېلىپ كەلدى. جۇڭگو ـ ئافرىقا ئىككى تەرەپ ئىتتىپاقلىق، ھەمكارلىق روھىغا داۋاملىق ئەمەل قىلىپ، تۈرلۈك خەۋپ ـ خەتەر ۋە خىرىسلارغا بىرلىكتە تاقابىل تۇرۇپ، جۇڭگو ـ ئافرىقا ھەمكارلىقىنى كۆپ تەرەپچىللىك ۋە ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈپ ئورتاق پايدا ئېلىشنىڭ ئۈلگىسىگە ئايلاندۇرۇپ، خەلقئارا ئادىللىق ۋە ھەققانىيلىقنى قوغداش ئۈچۈن پائال تۆھپە قوشۇشنى خالايدۇ.

شى جىنپىڭ بىلەن سال مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: بىز مۇنبەرنىڭ ھەرقايسى ئەزالىرى بىلەن قول تۇتۇشۇپ ھەمكارلىشىپ، «ئورتاق كېڭىشىش، ئورتاق قۇرۇش، ئورتاق بەھرىلىنىش» پرىنسىپىغا داۋاملىق ئەمەل قىلىپ، مۇنبەر مېخانىزمىنى ئۈزلۈكسىز بېيىتىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، مۇنبەرنىڭ جۇڭگو ـ ئافرىقا مۇناسىۋىتىدىكى يېتەكچىلىك رولىنى يەنىمۇ جارى قىلدۇرۇپ، جۇڭگونىڭ «ئىككى 100 يىل»لىق كۈرەش نىشانى بىلەن ئافرىقا ئىتتىپاقىنىڭ «2063 ـ يىل قارالمىسى»نى ئۇدۇللاشتۇرۇپ، مۇنبەر بېيجىڭ باشلىقلار يىغىنى ۋە جۇڭگو ـ ئافرىقا ئىتتىپاقلىشىپ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ئالاھىدە باشلىقلار يىغىنى نەتىجىلىرىنىڭ ئەمەلىيلىشىشىگە ئومۇميۈزلۈك تۈرتكە بولۇپ، جۇڭگو ـ ئافرىقىنىڭ ئومۇميۈزلۈك ئىستراتېگىيەلىك ھەمكارلىق ھەمراھلىق مۇناسىۋىتىنى تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيەگە كۆتۈرۈپ، تېخىمۇ زىچ بولغان جۇڭگو ـ ئافرىقا تەقدىر ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىپ، جۇڭگو ـ ئافرىقا خەلقلىرىگە بەخت يارىتىپ، ئىنسانىيەتنىڭ گۈزەل كەلگۈسىنى ئورتاق يارىتىشنى خالايمىز. بىز شۇنىڭغا ئىشىنىمىزكى، 2021 ـ يىلى سېنېگالدا ئېچىلىدىغان يېڭى بىر نۆۋەتلىك جۇڭگو ـ ئافرىقا ھەمكارلىق مۇنبىرى يىغىنى ئىككى تەرەپ ئورتاق نىشانىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا يەنىمۇ تۈرتكە بولىدۇ.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، جۇڭگو ـ تاجىكىستان مۇناسىۋىتى ھالقىما تەرەققىياتنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئىككى تەرەپ جۇڭگو ـ تاجىكىستان تەرەققىيات ئورتاق گەۋدىسى ۋە خەۋپسىزلىك ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىشنى باشلامچىلىق بىلەن جاكارلاپ، ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىشقا تۈرتكە بولۇش جەھەتتە ئالدىنقى قاتاردا مېڭىپ، خەلقئارا جەمئىيەتتە ئۈلگە تىكلەپ بەردى. مەن جۇڭگو ـ تاجىكىستان مۇناسىۋىتىنىڭ تەرەققىياتىغا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىمەن، سىز بىلەن بىللە قول تۇتۇشۇپ تىرىشىپ، جۇڭگو ـ تاجىكىستان ئومۇميۈزلۈك ئىستراتېگىيەلىك ھەمراھلىق مۇناسىۋىتىنىڭ ئۈزلۈكسىز يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈلۈشىگە تۈرتكە بولۇپ، ئىككى دۆلەت ۋە ئىككى دۆلەت خەلقلىرىگە بەخت يارىتىشنى خالايمەن.

---

3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى تەشۋىق قىلىش بويىچە سەپەرۋەرلىك يىغىنى ۋە كوللېكتىپ دەرس تەييارلاش يىغىنى ئېچىلدى

يىغىن روھىنى ئاساسىي قاتلامغا چوڭقۇر سىڭدۈرۈشكە، كىشىلەر قەلبىگە چوڭقۇر سىڭدۈرۈشكە تۈرتكە بولۇش كېرەك

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **جاڭ يەنفاڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 10 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى، 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى تەشۋىق قىلىش بويىچە سەپەرۋەرلىك يىغىنى ۋە كوللېكتىپ دەرس تەييارلاش يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. يىغىندا 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھى، بولۇپمۇ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھى ئەستايىدىل ئۆگىنىلدى، ئۆزلەشتۈرۈلدى، چوڭقۇر مۇھاكىمە قىلىنىپ، كوللېكتىپ دەرس تەييارلىنىپ، تەشۋىق قىلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئورۇنلاشتۇرۇلدى، ئورۇنلاشتۇرما قىلىندى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقى تيەن ۋېن يىغىنغا قاتناشتى ھەمدە سۆز قىلدى.

يىغىندا، ئاپتونوم رايون تايانچ كۈچلەرنى ئاجرىتىپ لېكسىيە ئۆمىكى تەشكىللىدى، لېكسىيە ئۆمىكى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ھەرقايسى نازارەت، ئىدارە، ۋىلايەت، ئوبلاست، ئالىي مەكتەپلەرگە بېرىپ، ئورگان، مەھەللە، يېزا، كەنت، كارخانا، مەكتەپلەرگە چوڭقۇر چۆكۈپ، يۈزتۇرا، ھەمتۈرتكە شەكىلدە تەشۋىق قىلىدۇ.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھى، بولۇپمۇ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، تەشۋىق قىلىش، ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش نۆۋەتتىكى ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىلدىكى مۇھىم، زور سىياسىي ۋەزىپە. بىز تەشۋىق قىلىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشنىڭ مۇھىم، زور ئەھمىيىتىنى تولۇق تونۇپ، تەشۋىق قىلىشتىكى مۇھىم نۇقتىنى ئومۇميۈزلۈك، توغرا ئىگىلىشىمىز كېرەك. 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنى ئېچىشنىڭ مۇھىم، زور ئەھمىيىتى، يېڭى دەۋردە شىنجاڭدا قولغا كەلتۈرۈلگەن مىسلىسىز تارىخىي مۇۋەپپەقىيەتلەر، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنىڭ ئىلمىي ماھىيەتلىك مەزمۇنى، شىنجاڭنىڭ ئەبەدىي ئەمىنلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنلاشتۇرۇش قاتارلىقلارنى نۇقتىلىق تەشۋىق قىلىپ، بىرلەشتۈرۈش، ئومۇميۈزلۈك ئىگىلەش، ئەتراپلىق ئىگىلەش، توغرا تەشۋىق قىلىش كېرەك.

يىغىندا مۇنداق تەلەپ قىلىندى: سىياسىي يېتەكچىلىكنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ئىلھاملاندۇرۇش، رىغبەتلەندۈرۈشنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈشنى گەۋدىلەندۈرۈپ، تەشۋىق قىلىش ئۈنۈمىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ئامما چۈشىنەلەيدىغان تىل، ياقتۇرىدىغان ئۇسۇل ۋە ئامما ھېس قىلغان ئۆزگىرىشلەر ئارقىلىق، مۇۋەپپەقىيەتلەرنى سۆزلەپ، كەلگۈسىنى سۆزلەپ، تەشۋىقاتنىڭ قاراتمىلىقى، جانلىقلىقى، ئىدىيەۋىلىكى، ئەمەلىي ئۈنۈمدارلىقىنى ئاشۇرۇپ، يىغىن روھىنىڭ ئاساسىي قاتلامغا چوڭقۇر سىڭىشىگە، كىشىلەر قەلبىگە چوڭقۇر سىڭىشىگە تۈرتكە بولۇپ، يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىشنىڭ قۇدرەتلىك كۈچىنى مۇجەسسەملەش كېرەك.